يېڭى جۇڭگونىڭ قايىنام - تاشقىنلىق يىللىرى

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن - قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى (چى شېك)** 2018 - يىلى 2 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىن 28 - كۈنىگىچە، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. ئومۇمىي يىغىندا «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارارى» ۋە «پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى» ماقۇللاندى. 3 - ئايدا، 13 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىدا گوۋۇيۈەننىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى لايىھەسى تەستىقلاندى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتتى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئومۇميۈزلۈك باشلاندى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەزەلدىن پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھاتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزم ئاساسىي تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ 1981 - يىلدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارماقلىرى تۆت قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، گوۋۇيۈەن ئاپپاراتلىرى يەتتە قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ، دۆلىتىمىز ئالاھىدىلىكىگە ئىگە پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسى تەدرىجىي تۇرغۇزۇلدى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى بىر قاتار مۇھىم ئىدىيەنى ئوتتۇرىغا قويدى. 2017 - يىلى 10 - ئايدا، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدا ئاپپارات ۋە مەمۇرىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تۈرلۈك ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشىنى بىر تۇتاش ئويلىشىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ھەم ئىچكى ئاپپاراتلىرىنىڭ ھوقۇقىنى ئىلمىي ئاساستا ئورۇنلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار بىر تۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئادەمنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، قاتتىق ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىپ، «لايىھە»نىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈردى. 2019 - يىلى 7 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خۇلاسە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. قىسقىغىنا بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتا، 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىندا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرى ئومۇمىي جەھەتتىن تاماملىنىپ، بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيە نەتىجىلىرى، تۈزۈم نەتىجىلىرى، ئەمەلىيەت نەتىجىلىرى قولغا كەلتۈرۈلدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتى ئىسلاھاتىدا پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى بىرتۇتاش يېتەكچى قىلىش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى يۆنىلىش قىلىش، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىش ئارقىلىق، ئاپپارات تەسىس قىلىشنى ئىسلاھ قىلىپ، فۇنكسىيەنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، فۇنكسىيەنى ئۆزگەرتىش، شەكلىنى ئۆزگەرتىش، ئىستىلنى ئۆزگەرتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۈنۈم ۋە ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلدى.

«يەر تەۋرەشتىكى قەھرىمان» خې گۈيخۇا:

# ھايات - ماماتىغا قارىماي، ئۈچ بالىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزۇش



خې گۈيخۇانىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۈنمىڭ، 11 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر زى چياڭ)** 1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، يۈننەن ئۆلكىسىدىكى لىجياڭ بىلەن دىچىڭ تۇتىشىدىغان جايدا يەتتە بال قاتتىق يەر تەۋرىدى. 23 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئەستىن چىقمايدىغان بۇ خاتىرىگە بىر قەھرىماننىڭ ئىسمى —— خې گۈيخۇا ئويۇلغان. ھايات - ماماتلىق پەيتىدە، ئۇ ياش ھاياتى بەدىلىگە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيدىن ئۈچ بالىنى قۇتقۇزۇپ چىققان، ئەمما ئۆزى قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

خې گۈيخۇا، ناشىزۇ مىللىتىدىن، كومپارتىيە ئەزاسى، 1964 - يىلى 11 - ئايدا تۇغۇلغان، 1982 - يىلى 7 - ئايدا يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ساقچىلىرى مەكتىپىنى پۈتكۈزۈپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا يۈننەن ئۆلكىسى لىجياڭ ناشىزۇ ئاپتونوم ناھىيە(ھازىرقى لىجياڭ شەھىرى)لىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، 1 - دەرىجىلىك مەسئۇل ساقچى.

14 يىللىق ساقچىلىق ھاياتىدا، خې گۈيخۇا ئادەتتىكى خەلق ساقچىسىدىن مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقىغىچە، يەنە مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقلىقىدىن ئەترەت باشلىقلىقىغىچە ئىزچىل بىرىنچى سەپتە جەڭ قىلغان. ئۇ ھايات - ماماتىغا قارىماي، يىل بويى يۇقىرى سەجىللىقتا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغان، بولۇپمۇ جىنايى ئىشلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغاندىن كېيىن، كېسەل بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، قەيسەرلىك بىلەن خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ جىنايەتچىلەر بىلەن باتۇرلارچە كۆرەش قىلىپ، مۇھىم، زور جىنايى ئىشلار دېلولىرىنى كۆپ قېتىم پاش قىلىپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشتە گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان جىنايى ئىشلار ساقچى ئەترىتى ئۇدا بىر نەچچە يىل ئىلغار كوللېكتىپ بولۇپ باھالانغان، ئۇ ئۆزى ئىلگىرى شەرەپ بىلەن 3 - دەرىجىلىك خىزمەت كۆرسەتكەن، يەنە كىشىلەر تەرىپىدىن «ماھىر رازۋېدچىك» دەپ تەرىپلەنگەن.

1996 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى كەچتە، خې گۈيخۇا لىجياڭ ناھىيەسىنىڭ دايەن بازىرى ۋۇتەي كەنتىگە بېرىپ بىر مۇھىم، زور دېلونى تەكشۈرگەن. سائەت 19لاردا، خې گۈيخۇا كەنت ئاھالىسىنىڭ ئۆيىدە ئەھۋال ئىگىلەۋاتاتتى. تۇيۇقسىز يەر قاتتىق سىلكىنىپ، ئۆيلەر توختىماي تىترەپ، ھويلا تاملىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشتى.

«يەر تەۋرىدى!» خې گۈيخۇا كەسپتە يېتىلدۈرگەن ئۆتكۈر ئىنكاسىغا تايىنىپ، تېزدىن ھويلىدىكى بىخەتەر جايغا يۆتكەلدى. كەنت ئاھالىلىرىمۇ بەس - بەستە ھويلىغا قاراپ يۈگۈردى. خې گۈيخۇا كەينىگە شۇنداق بۇرۇلۇپ، ئۆيدە ئويناۋاتقان ئۈچ بالىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي، قورققىنىدىن يىغلاۋاتقانلىقىنى بايقىدى. خې گۈيخۇا قىلچە ئىككىلەنمەي ھەم ۋارقىرىماي، ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئۆيگە قاراپ ئېتىلىپ، ئىككى بالىنى قولتۇقلاپ تېزلىكتە ھويلىغا ئېتىلىپ چىقتى. بۇ چاغدا، ئۆي تېز سۈرئەتتە قىيسىيىشقا باشلىدى. ئۆلۈم تەھدىتى ئالدىدا، خې گۈيخۇا قىلچە ئارىسالدى بولماي، بۇرۇلۇپلا يەنە ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ ئاخىرقى بىر بالىنى قۇتقۇزماقچى بولدى، ئەتراپتىكى ئامما ھاڭ - تاڭ بولۇپ: «كىرمەڭ، ئۆي ئۆرۈلدى!» دەپ ۋارقىرىدى. خې گۈيخۇا ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي، ئۆيگە ئېتىلىپ كىرىپ، بالىنى قۇچاقلاپ ئېلىپ، بەدىنى بىلەن توختىماي چۈشۈۋاتقان خىش - كېسەك پارچىلىرىنى توسۇپ سىرتقا قاراپ ئېتىلدى، بىراق ئەمدىلا ئىككى قەدەم تاشلىشىغا، بىر قاتتىق ئاۋاز بىلەن تەڭ، ئىككى قەۋەت ئېگىزلىكتىكى ئۆي گۈمۈرۈلۈپ چۈشتى، خې گۈيخۇا تەبىئىيلا بېلىنى ئېگىپ بالىنى بەدىنى ئاستىغا ئېلىپ قوغدىدى، ئۆرۈلۈپ چۈشكەن لىم تۇۋرۇك رەھىمسىزلەرچە ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشتى، بىردىنلا، ئۇ خارابە ئاستىغا كۆمۈلۈپ قالدى.

كەنت ئاھالىلىرى خې گۈيخۇانىڭ ئىسمىنى توۋلاپ، قالدۇق يەر تەۋرەش خەۋپىگە قارىماي، خىش - كېسەك پارچىلىرىنى، تۇۋرۇكلەرنى يۆتكەپ، خې گۈيخۇانى كولاپ چىقتى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ ئاستىدىكى بالا ساق - سالامەت بولۇپ، پەقەت قولى ئازراق سۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. خې گۈيخۇانىڭ ئاغزىدىن قان ئېقىۋاتاتتى، يۈرىكى سوقۇشتىن توختاپ قالغانىدى.

«خەتەرگە يولۇققاندا، باشقىلار چېكىنسە بولىدۇ، بىز خەلق ساقچىلىرى چېكىنسەك بولمايدۇ؛ بىزنىڭ قۇربان بېرىشىمىزگە توغرا كەلگەن تەقدىردىمۇ، بىز باتۇرلۇق بىلەن پىداكارلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.» بۇ، خې گۈيخۇا ئىلگىرى سەپداشلىرىغا دېگەن سۆز بولۇپ، ئۇ قەھرىمانلىق ھەرىكىتى بىلەن ئۆز قەسىمىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، خې گۈيخۇاغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى» دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلدى، شۇ يىلى ئۇ يۈننەن ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تولۇقلاپ ئېتىراپ قىلىندى. 1997 - يىلى، خې گۈيخۇاغا دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن «مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتىدىكى نەمۇنىچى» دېگەن نام بېرىلدى ھەم جۇڭخۇا مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى تەرىپىدىن «1 - ماي» ئەمگەك مېدالى بېرىلدى.

ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتمەكتە، ھەر قېتىم لىجياڭدا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش تىلغا ئېلىنغاندا، كىشىلەر قەھرىمان خې گۈيخۇانى ئەسلەپ ئالىدۇ. نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولدى، قەھرىمان ئىلگىرى جاسارەت بىلەن جەڭ قىلغان بۇ تۇپراقتا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر بولدى، بۇ يەر جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق ساياھەت رايونىغا ئايلاندى. يۇلۇڭ قارلىق تېغى ئېتىكىدە، كونا قىياپەت يېڭى تۈسكە كىردى، شەھەر - يېزىلاردا مۇستەھكەم خىش - كاھىشلىق ئۆيلەر سېلىندى، قەھرىمان ئۆز ھاياتى بەدىلىگە قۇتقۇزۇپ چىققان بالىلار ھازىر ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ، بەختلىك، گۈزەل يېڭى دەۋردە ياشىماقتا.

# جاڭ شياۋدۇڭ: پىداكارلىق كۆرسىتىپ سادىق ساقچىلىق روھىنى تاۋلاش



جاڭ شياۋدۇڭنىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 11 - ئاينىڭ 30 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر گو يارۇ)** خېبېي ئۆلكىسى چىنخۇاڭداۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى شۆبە ئىدارىسىدە، جاڭ شياۋدۇڭنىڭ ئىش ئىزلىرى ئىزچىل مەدھىيىلەنمەكتە. 23 يىل ئىلگىرى، جاڭ شياۋدۇڭ قارا نىيەتلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، ئۇ ھاياتى بەدىلىگە خەلق ساقچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

جاڭ شياۋدۇڭ 1966 - يىلى 6 - ئايدا تۇغۇلغان، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ چاڭلى ناھىيەسىدىن. 1989 - يىلى جۇڭگو جىنايى ئىشلار ساقچى شۆيۈەنىنى پۈتكۈزۈپ جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، ھايات ۋاقتىدا خېبېي ئۆلكىسى چىنخۇاڭداۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونى شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ تېخنىك خادىمى بولغان. ئۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەسپىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، خىزمىتىگە سادىق بولۇپ، نەق مەيداننى تەكشۈرۈشكە 2440 قېتىمدىن ئارتۇق قاتنىشىپ، تېخنىكىلىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك جىنايى ئىشلار دېلوسىدىن 130 نەچچىنى پاش قىلىپ، جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە زەربە بېرىش، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان. ئىلگىرى ئىككى قېتىم ئىلغار شەخس بولۇپ باھالانغان، بىر قېتىم تەقدىرلەنگەن.

1996 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، جىنايى ئىشلار تېخنىكا ماتېرىياللىرىنى رەتلەۋاتقان جاڭ شياۋدۇڭ ۋېنجىڭلى ئولتۇراق رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق ئاممىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتە ئىشىكنى بۇزۇش ئاۋازىنى ئاڭلىغانلىقى، باشقىلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئوغرىلىق قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلغانلىقى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغان.

ۋېنجىڭلى ئولتۇراق رايونى گەرچە شۆبە ئىدارىگە ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن چىنخۇاڭداۋ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى خەيگاڭ شۆبە ئىدارىسىنىڭ باشقۇرۇش تەۋەلىكىدە ئىدى، ئەگەر دېلو مەلۇم قىلغۇچى قايتىدىن خەيگاڭ شۆبە ئىدارىسىگە دېلو مەلۇم قىلسا، چوقۇم ۋاقىت ئۆتۈپ كېتەتتى. جاڭ شياۋدۇڭ دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋېلىپ كۆپ ئويلانمايلا، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئىككى ئەزاسىنى چاقىرىپ نەق مەيدانغا ئاتلانغان.

بىناغا ئاۋۋال ئېتىلىپ چىققان جاڭ شياۋدۇڭ كارىدوردا بىر گۇمانلىق ئەرنى ئۇچراتقان، تەكشۈرۈش جەريانىدا، بۇ ئەر يول تالىشىپ قاچماقچى بولغاندا، بىرلەشمە مۇداپىئە ئەترىتىنىڭ ئىككى ئەزاسى ئۇنى تۇتۇۋالغان. جاڭ شياۋدۇڭ بۇ ئەرنىڭ تۇتۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، قايتا بۇرۇلۇپ بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتىگە ئېتىلىپ چىقىپ، كارىدورنىڭ دوقمۇشىدا يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان باشقا ئىككى ئەرنى ئۇچراتقان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى قولىغا چوڭ نومۇرلۇق ئەتۈرگە ئېلىۋالغان بولۇپ، جاڭ شياۋدۇڭ ئۇلارنى ئوغرىلىق شادىكىسى دەپ ھۆكۈم قىلغان، تۇتۇش جەريانىدا ئۇلار بىلەن جان تىكىپ ئېلىشقان، ياۋۇز قارا نىيەت ئەتۈركىنى ئۇنىڭ بېشىغا سانجىپ، باش سۆڭىكىنى يارىلاندۇرغان، ئۇ قانغا بويۇلۇپ يىقىلغان، يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

ئەمدىلا 30 ياشقا كىرگەن جاڭ شياۋدۇڭ ھاياتى بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قالغان. 1996 - يىلى 5 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، جاڭ شياۋدۇڭ خېبېي ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى؛ 5 - ئاينىڭ 9 - كۈنى، ئۇنىڭغا جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 1 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن نام تولۇقلاپ بېرىلدى.

جاڭ شياۋدۇڭ قۇربان بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى جاڭ شۇخۇڭمۇ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىغا كىرىشنى تاللاپ، ئاكىسى ئورۇنداپ بولالمىغان غايە ۋە بۇرچنى داۋاملاشتۇردى.

23 يىل ئۆتۈپ كەتتى، تەرەققىيات رايونى شۆبە ئىدارىسىدە، جاڭ شياۋدۇڭنىڭ ھاياتى بىلەن خەلق ساقچىسىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى ۋە بۇرچىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش روھى ھېلىھەم كۈچچىلەرنى ئۆزلۈكسىز جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئىلھاملاندۇرماقتا.

«90 - يىللاردا تۇغۇلغان» ئامانلىق ساقلاش چوڭ ئەترىتىنىڭ ساقچىسى تۇڭ مىڭجيەن جاڭ شياۋدۇڭنى قەلبىدىكى قەھرىمان دەپ بىلىدۇ. «ئۇ قۇربان بولغان چاغدا ھازىرقى مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئىكەن، مەن ساقچى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەتكە سادىق بولۇش، باتۇر، قورقماس بولۇش، خەلققە سادىق بولۇشتەك روھىنى بارغانسېرى چوڭقۇر چۈشەندىم. بىز ئۇنىڭ روھى كۈچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش كالتىكىنى قولىمىزغا ئېلىپ، مەسئۇلىيەتچان، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، خەلققە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان خەلق ساقچىسى بولىمىز».

# گۇڭ چىڭخۇا: بەدىنى بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلىۋاتقان ئاپتوموبىلنى توسۇۋېلىش
# ھاياتى بەدىلىگە ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداپ قېلىش



گۇڭ چىڭخۇانىڭ سۈرىتى. □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شىجياجۇاڭ، 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چېن جىڭ)** خېبېي جاڭجياكۇدا، قىزىل تۇپىلىق، قىزىلتاشلىق بىر چوڭ تاغ بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «خۇڭشىشەن» دەپ ئاتايدۇ. خۇڭشىشەندە بىر يىلانباغرى يول بولۇپ، يولنىڭ بىر تەرىپى 100 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭ، يەنە بىر تەرىپى تىك قىيا. 23 يىل ئىلگىرى، بىر ئاددىي جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىسى بۇ يولدا ئۆز بەدىنى بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلىۋاتقان ئاپتوموبىلنى توسۇپ، ئۆزىنى قۇربان قىلىپ ئاممىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان. ئۇ «ئوۋياڭ خەيچە قەھرىمان» دەپ تەرىپلەنگەن جاڭجياكۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پاڭجياباۋ ئورمانچىلىق ئامانلىق ساقلاش ساقچىخانىسىنىڭ سابىق ساقچىخانا باشلىقى گۇڭ چىڭخۇا.

گۇڭ چىڭخۇا، 1951 - يىلى تۇغۇلغان، سەنشى فەنشىدىن، خەنزۇ مىللىتىدىن. 1968 - يىلى 5 - ئايدا خىزمەتكە قاتناشقان، 1970 - يىلى 11 - ئايدا جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىگە قاتناشقان، 1990 - يىلى 11 - ئايدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە قاتناشقان، جاڭجياكۇ شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى پاڭجياباۋ شۆبە ئىدارىسى جىنايى ئىشلار چوڭ ئەترىتى، بەيمياۋ ساقچىخانىسىنىڭ خەلق ساقچىسى، ئورمانچىلىق ئامانلىق ساقلاش ساقچىخانىسىنىڭ مەسئۇلى، ساقچىخانا باشلىقى بولغان.

ۋاقىت 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنىگە قايتۇرۇلدى. شۇ كۈنى، پاڭجياباۋ جامائەت خەۋپسىزلىكى شۆبە ئىدارىسى ئورمانچىلىق ساقچىخانىسى تەۋەلىك رايونىدىكى دادۇەندى كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ خېنىڭ بۇ كەنتنىڭ كوللېكتىپ مېۋىلىك دەرىخىدىن توققۇز تۈپىنىڭ ئوغرىلانغانلىقى توغرىسىدىكى دېلو مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، شۇ چاغدىكى ساقچىخانا باشلىقى گۇڭ چىڭخۇا دەرھال خەلق ساقچىلىرىنى باشلاپ بۇ دېلونى رازۋېدكا قىلدى. 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ساقچىخانا ئوغرىلىق گۇماندارىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلانغان مېۋىلىك دەرەخنىڭ ئەۋرىشكىسىنى ئالدى. پاكىتنىڭ ئېنىق بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، گۇڭ چىڭخۇا چۈشلۈك دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، دېلو بېجىرىشكە ئىشلىتىلىدىغان قوش قاتار ئورۇندۇقلۇق يۈك ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ زاڭ مالنى دادۇەندى كەنتىگە ئېلىپ بېرىپ نەق مەيداندا سېلىشتۇردى. يولدا، گۇڭ چىڭخۇا ئاپتوموبىلنى يىلانباغرى يولدا توختىتىپ، ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپ كەنت ئاھالىلىرىگە زاڭ مالنى تونۇتۇپ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىسپات ئالدى.

تاغ يولى تىك، يول يۈزىنىڭ يانتۇلۇقى چوڭ بولغاچقا، توختىتىلغىنىغا ئۇزاق بولمىغان، قوش قاتار ئورۇندۇقلۇق يۈك ئاپتوموبىلى تۇيۇقسىز يانتۇلۇقنى بويلاپ تۆۋەنگە سىيرىلىشقا باشلىدى، ئاپتوموبىلنىڭ سول تەرىپى 100 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى ھاڭ، ئوڭ تەرىپى تىك قىيا ئىدى، ئاپتوموبىلنىڭ كەينىدىكى نەچچە مېتىر كېلىدىغان تىك بەلدە ئون نەچچە كەنت ئاھالىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يول ياساۋاتقاچقا، بۇنى قىلچە سەزمىدى. ھەش - پەش دېگۈچە، ئاپتوموبىل ۋەيران بولۇش، ئادەم ئۆلۈشتەك غايەت زور ئاپەت يۈز بېرىش ئالدىدا تۇراتتى.

خەتەرلىك ئەھۋالدا، گۇڭ چىڭخۇا تېزدىن ئاپتوموبىلنىڭ ئالدىدىن ئاپتوموبىلنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، تۆۋەنگە سىيرىلىۋاتقان ئاپتوموبىلنى مۈرىسى بىلەن كۈچەپ تىرەپ تۇرۇپ، ئاممىغا ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ۋاقتى يارىتىپ بەردى. ئۇ تاكى ئاپتوموبىلنىڭ ئاستىغا يىقىلغۇچە باشتىن - ئاخىر بىر قەدەممۇ داجىمىدى، ئاپتوموبىلنىڭ ئالدى - كەينى چاقى ئارقا - ئارقىدىن ئۇنىڭ بەدىنىنى بېسىپ ئۆتتى. ئۇ بەدەننىڭ قارشىلىق كۈچى ۋە ئۇدا ئىككى قېتىم «توسۇش» رولى ئارقىلىق، تۆۋەنگە سىيرىلىۋاتقان ئاپتوموبىلنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى، سول چاق ئېگىز، تىك ھەم چوڭقۇر ھاڭ لىۋىگە ئېسىلىپ قالدى، ئاپتوموبىل گەۋدىسى تاغ يولىدا توغرىسىغا تۇرۇپ قالدى.

ئاپتوموبىل ساقلاپ قېلىندى، ئاممىا بالايىئاپەتتىن ئامان قالدى، گۇڭ چىڭخۇا قان ئىچىگە يىقىلىپ ھوشىدىن كەتتى، ئاخىردا يارىسى بەك ئېغىر بولغاچقا، قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ يىلى، گۇڭ چىڭخۇا ئىنقىلابىي قۇربان دەپ تەستىقلاندى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا مەملىكەت بويىچە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسىدىكى 2 - دەرىجىلىك قەھرىمان نەمۇنىچى دېگەن شەرەپلىك نام بېرىلدى.

«گەرچە ئايرىلىش ئىنتايىن ئازابلىق بولسىمۇ، لېكىن بىز ئىزچىل ئۇنىڭ قىلغىنىنى ئەرزىيدۇ، دەپ قارايدۇق. كىشىلەر قەلبىدىكى ياخشىلىق بىلەن يامانلىق بەزىدە قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، جەمئىيەتكە پايدىلىق تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.» گۇڭ چىڭخۇانىڭ خوتۇنى فەن گۈيىڭ مۇنداق دېدى: قىزىم گۇڭ شياۋكۈنمۇ ساقچى فورمىسى كىيىپ، دادىسى قىلىپ بولالمىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇۋاتىدۇ.